# 21519 ـ ئىسلامدا ئىبادەتنىڭ شەرتلىرى

## سۇئال

ئىبادەتنىڭ توغرا بولىشى ئۈچۈن ئىسلامدا قانداق شەرتلەر بېكىتىلگەن؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئالللاھ تائالاغا خاستۇر.

شەيخ مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئۇسەيمىين رەھىمەھۇللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

بىرىنچى: "ئىبادەت (سەۋەپ تەرەپتىن) شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىسىگە مۇۋاپىق بولىشى كېرەك. ھەرقانداق ئىنسان ئالللاھ تائالاغا ئالللاھ ۋە ئالللاھنىڭ روسۇلىنىڭ كۆرسەتمىسى ۋە شەرىئەت پرىنسىپى بويىچە ئىبادەت قىلمايدىكەن، ئۇ كىشىنىڭ قىلغان ئىبادىتى رەت قىلىنىدۇ يەنى قوبۇل قىلىنمايدۇ. بۇنىڭ مىسالى: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن مەۋلۇت پائالىيىتى ئېلىپ بېرىش. رەجەپ ئېيىنىڭ 27- كېچىسى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مىراجقا چىققان دېگەن مۇناسىۋەت بىلەن پائالىيەت ئۆتكۈزۈش قاتارلىقلار شەرىئەتكە زىت بولغان قوبۇل قىلىنمايدىغان ئەمەللەردۇر. چۈنكى:

1-تارىخى تەرەپتىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رەجەپ ئېيىنىڭ 27-كۈنى مىراجقا چىققانلىقى ئىسپاتلانمىغان. بىزدە ھەدىس كىتابلىرى تولۇق بولۇپ ھېچ بىر ھەدىس توپلاملىرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ رەجەپ ئېيىنىڭ 27-كېچىسىدە مىراجقا چىققانلىقىنى بىلدۈرىدىغان بىرەر ھەرپمۇ بايان قىلىنمىغان، چۈنكى بۇنداق چوڭ ئىش ۋە ساغلام خەۋەرلەر سەھىھ ئىسنادلار ئارقىلىق مەلۇم بولىدۇ ئەلۋەتتە.

2-پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام رەجەپ ئېيىنىڭ 27-كېچىسى مىراجغا چىققان دېگەنلىك ئىسپاتلانغان تەقدىردىمۇ بۇ كۈننى بايرام كۈنى قىلىش ياكى بۇ كۈندە ئۇ مۇناسىۋەت بىلەن خاس ئىبادەت تۈرغۈزۈشقا بىزنىڭ نېمە ھەققىمىز بار؟، ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەندە ئەنسارىيلار ئىككى كۈننى بايرام قىلىپ ئوينايتتى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: ھەقىقەتەن ئالللاھ تائالا سىلەرگە بۇ ئىككى كۈننى بۇنىڭدىن ياخشىراق بولغان ئىككى كۈنگە ئالماشتۇرۇپ بەردى دەپ ئۇلارغا روزا ھېيت بىلەن قۇربان ھېيت كۈننى بايان قىلىپ بەردى. [ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى].

مانا بۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلام دىنىدا بايرام دەپ كۆرسىتىپ بەرگەن كۈنلەردىن باشقا كۈنلەرنى ئىسلامى بايرام كۈنى قىلىپ بېكىتىۋېلىشنى ياقتۇرمىغانلىقىدىندۇر. ئىسلام دىنىدا ئۈچ بايرام بولۇپ، روزا ھېيت، قۇربان ھېيت بايرىمى ۋە

ھەپتىلىك بايرام جۈمە كۈنىدىن ئىبارەتتۇر.

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ رەجەپ ئېيىنىڭ 27-كېچىسى مىراجغا چىققانلىقى ئىسپاتلانغان تەقدىردىمۇ شەرئەتنىڭ بەلگىلىمىسىز بۇ كۈندە يېڭى بىر ئىش پەيدا قىلىش مۇمكىن بولمايدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلغاندەك بىدئەتنىڭ خەتىرى ئىنتايىن زور، قەلبلەرگە بولغان تەسىرى كۈچلۈك، ھەتتا ئىنسان شۇ ۋاقىتتا قەلبىدە بىر خىل مۇلايىملىق ۋە يۇمشاقلىقنى ھېس قىلىدۇ، ئاز ۋاقىتتىن كېيىنلا ئىش ئۇنىڭ ئەكسى بىلەن بولىدۇ، چۈنكى قەلبنىڭ باتىل ئىش بىلەن بولغان خۇرسەنلىكى ئۇزۇن داۋام قىلمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭغا ئەگىشىپلا دەرد-ئەلەم، پۇشايمان، ھەسرەت چېكىدۇ، ھەرقانداق بىدئەتنىڭ ئۆزىگە لايىق خەتىرى بولىدۇ، ئۇ پەيغەمبەرلىك رىسالىتىگە بولغان كەمچىللىك-تەنە قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى بىدئەتكە ئەگىشىش ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئىسلام شەرئىتىنى تولۇق بايان قىلمىغان دېگەننى تەقەززا قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الْيَوْمَ أَكْمَلْتُ لَكُمْ دِينَكُمْ وَأَتْمَمْتُ عَلَيْكُمْ نِعْمَتِي وَرَضِيتُ لَكُمُ الْإِسْلَامَ دِينًا﴾تەرجىمىسى: بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم. [سۈرە مائىدە 3-ئايەت].

ئەجەبلىنەرلىك ئىش، مۇشۇنداق بىدئەتلەرگە مۇپتىلا بولغان بەزى بىر كىشىلەر نۇرغۇن پەرز-ۋاجىپ ئەمەللەرنى ئادا قىلىشقا سەل قارايدۇ، ئەمما بىدئەتلەرنى ئىجرا قىلىشقا ئىنتايىن ھېرىسمەن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دەيمىزكى، رەجەپ ئېيىنىڭ 27-كېچىسىنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مىراجقا چىققان كېچە دەپ پائالىيەت ئۆتكۈزۈش بىدئەت ئىشتۇر. چۈنكى بۇ ئىش شەرئەت بۇيرۇمىغان بىر سەۋەپ ئۈستىگە قۇرۇلغان.

ئىككىنچى: ئىبادەت (تۈر جەھەتتىمۇ) شەرئەت كۆرسەتمىسىگە مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك. مەسىلەن:بىر كىشىنىڭ ئات قۇربانلىق قىلىشى. ئەگەر بىر ئادەم ئات قۇربانلىق قىلسا، بۇ قۇربانلىقنىڭ تۈرى جەھەتتە شەرئەت كۆرسەتمىسىگە خىلاپ بولىدۇ. چۈنكى قۇربانلىق دېگەن چارۋىلاردىن قوي، كالا ۋە تۆگىدىن بولىدۇ.

ئۈچىنچى: ئىبادەت (مىقدار جەھەتتىمۇ) شەرئەت كۆرسەتمىسىگە مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك. مەسىلەن: ئىنسانلاردىن بىرى مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى پېشىن نامىزىنىڭ پەرزىنى ئالتە رەكەت ئوقۇسا بۇ ئىبادەت شەرئەت كۆرسەتمىسىگە مۇۋاپىق بولامدۇ؟، ياق، ھەرگىز مۇۋاپىق بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ ئىبادەت مىقدار جەھەتتە شەرئەت كۆرسەتمىسىگە ئۇيغۇن ئەمەس.شۇنىڭدەك بىر كىشى پەرز نامازدىن كېيىن سۇبھانەللاھ، ئەلھەمدۇلىللاھ ۋە ئاللاھۇ ئەكبەر دېگەن سۆزنى 33 تىن دېمەي 35تىن دىسە توغرا بولامدۇ؟ جاۋاپ: بىز دەيمىزكى، سىز مۇشۇ سان بىلەن ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشنى مەقسەت قىلسىڭىز خاتالاشقان بولىسىز، ئەگەر پەرز نامازدىن كېيىن ھەر بىر سۆزنى 33 قېتىمدىن دېيىش يولغا قويۇلغان دەپ ئېتىقاد قىلىپ تۇرۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يولغا قويغان سانغا زىيادە قىلىشنى مەقسەت قىلغان بولسىڭىز، بۇنىڭ ھېچ زىيىنى

بولمايدۇ، چۈنكى سىز 33 قېتىم دېيىشنى ئېتىقاد قىلىش بىلەن بۇنىڭ ئارىسىنى ئايرىدىڭىز.

تۆتىنچى: ئىبادەت (خاراكتېر جەھەتتە) شەرىئەت كۆرسەتمىسىگە مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك. بىر كىشى ئىبادەتنىڭ تۈرى، مىقدارى ۋە سەۋەبىنى تولۇق ئادا قىلىپ، خاراكتېر جەھەتتە شەرىئەت كۆرسەتمىسىگە خىلاپلىق قىلغان بولسا بۇ ئىبادەت توغرا بولمايدۇ. مەسىلەن: بىر كىشىنىڭ تەرىتى سۇنۇپ كېتىپ قايتىدىن تەرەت ئالدى، ئۇ كىشى تەرەت ئالغاندا ئالدى بىلەن ئىككى پۇتىنى يۇيۇپ، ئاندىن بېشىغا مەسىھ قىلىپ، ئاندىن ئىككى قولىنى يۇيۇپ، ئاندىن يۈزىنى يۇغان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئالغان تەرىتى توغرا بولامدۇ؟، جاۋاپ: توغرا بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ كىشى خاراكتېر جەھەتتە شەرىئەت كۆرسەتمىسىگە خىلاپلىق قىلدى.

بەشىنچى: ئىبادەت (ۋاقىت جەھەتتە) شەرىئەت كۆرسەتمىسىگە مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك. مەسىلەن بىر كىشى رامىزان روزىسىنى شەئبان ياكى شەۋۋالدا (بارات ئېيى ياكى روزا ھېيت ئېيىدا) تۇتىدىكەن، ياكى پېشىن نامىزىنى كۈن ئېگىلىشتىن ئىلگىرى ئوقۇيدىكەن، ياكى ھەر نەرسىنىڭ سايىسى ئۆزىنىڭ باراۋېرىدە يەتكەندە ئوقۇيدىكەن، بۇ كىشىنىڭ ئوقۇغان نامىزى توغرا بولمايدۇ، چۈنكى كۈن ئېگىلىشتىن ئىلگىرى ئوقۇسا ۋاقتى كىلىشتىن بۇرۇن ئوقۇغان بولىدۇ، ھەر نەرسىنىڭ سايىسى ئۆزىنىڭ باراۋېرىدە يەتكەندە ئوقۇسا ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەندىن كىيىن ئوقۇغان بولىدۇ، بۇنىڭ ھەر ئىككىسى توغرا بولمايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن دەيمىزكى، ئىنسان قەستەن بىر نامازنى تەرك قىلىپ سەۋەبسىز ئۇ نامازنىڭ ۋاقتىنى ئۆتكۈزۋەتسە، گەرچە ئۇ كىشى بۇ نامازنى مىڭ قېتىم ئوقۇسىمۇ ئوقۇغان نامىزى قوبۇل بولمايدۇ. بۇ يەردە مۇھىم بىر قائىدە بار ئۇ بولسىمۇ ھەر قانداق بىر ئىنسانسەۋەبسىز ۋە ئۆزرىسىز ۋاقتى بېكىتىلگەن ھەرقانداق بىر ئىبادەتنى ۋاقتىدا ئادا قىلماي ۋاقتىنى ئۆتكۈزىۋېتىدىكەن، ئۇ كىشىنىڭ ۋاقتىنى ئۆتكۈزۋېتىپ قىلغان ئىبادىتى قوبۇل قىلىنمايدۇ، رەت قىلىنىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن بايان قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: كىمكى بىز بۇيرۇمىغان شەكىلدە ئىبادەت قىلىدىكەن ئۇ كىشىنىڭ قىلغان ئىبادىتى رەت قىلىنىدۇ يەنى قوبۇل قىلىنمايدۇ. [مۇسلىم رىۋايىتى].

ئالتىنچى: ئىبادەت (ئورۇن جەھەتتە) شەرىئەت كۆرسەتمىسىگە مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك. مەسىلەن: بىر كىشى ئەرەپات كۈنىدە مۇزدەلىپىدە تۇرسا، توغرا بولمايدۇ. ئىبادەتنىڭ شەرىئەت بېكىتكەن ئورۇندا ئادا قىلىنمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ كىشىنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشى توغرا ئەمەس. بىر كىشى ئۆيىدە ئېتىكاپ قىلسا توغرا بولمايدۇ، چۈنكى ئېتىكاپنىڭ ئورنى مەسچىتتىن ئىبارەتتۇر. شۇنىڭدەك ئايال كىشىنىڭ ئۆز ئۆيىدە ئېتىكاپ قىلىشى توغرا بولمايدۇ، چۈنكى ئۆي ئېتىكاپنىڭ ئورنى ئەمەس.
پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بەزى ئاياللىرىنىڭ ئېتىكاپ قىلىش ئۈچۈن مەسچىت ئىچىگە چېدىر تىكتۈۋالغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇلارغا چېدىرنى بۇزۇۋېتىپ ئېتىكاپنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا بۇيرىدى، ئۇلارنى ئۆيدە ئېتىكاپ قىلىشقا بۇيرۇمىدى، بۇ ئاياللارنىڭ ئۆيدە ئېتىكاپ قىلىشىنىڭ ئورۇن جەھەتتە شەرىئەت بېكىتكەن ئورۇنغا خىلاپ ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر.

مۇشۇ ئالتە سۈپەت بىرلىكتە پەقەت ئىبادەتتە رويابقا چىقىدۇ. ئۇ بولسىمۇ:

1–ئىبادەتنىڭ سەۋەبى.

2– ئىبادەتنىڭ تۈرى.

3– ئىبادەتنىڭ مىقدارى.

4– ئىبادەتنىڭ خاراكتېرى.

5– ئىبادەتنىڭ ۋاقتى.

6– ئىبادەتنىڭ ئورنى.

ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.